«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

« كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ

ئاپتورى: تېرس كولد (ئەنگلىيە)
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئەلسېن ئەگس (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

蓝月亮宝宝. 再讲一个故事吧：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕力达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12
ISBN 978-7-5469-7823-9

Ⅰ. ①蓝… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8


中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第281500号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：迪力夏提·买买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝月亮宝宝绘本丛书——再讲一个故事吧（维吾尔文）
译　　者　帕力达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015年12月第1版
印　　次　2017年1月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7823-9
定　　价　16.00元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



كەچلىكى ئۆيدىكى ھەممەيلەن بۆجەنگە نۇرغۇن ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۆجەن يەنىلا:

— يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسەڭلارچۇ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ دوستى مۆشۆكياپىلاق، چاشقانچاق ۋە بۆلتۆرۆك (بۆرە كۆچىكى)نىڭ ئۆزلىرى ئامراق ھېكايىلىرى بار ئىكەن، بۆجەن بۇ ھېكايىلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئالامەت ئېسىل ھېكايىلەر توپلىمى يېزىپ چىقىپتۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەچلىك تاماقنى يەپ بولدۇق، مۇنچىغىمۇ چۈشۈپ بولدۇق.

ئاخىر...

— ھېكايە ئېيتىدىغان ۋاقىت بولدى، — دەپ تووۋلاپتۇ قوڭۇر بۆجەن ھاياجانلانغان ھالدا.

بۆجەننىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاندىن يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاخىردا يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئانىسى ئۇدا ئۈچ ھېكايە ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، بۆجەن ئۇخلاي دېمەپتۇ.

— ئانا، ئۆتۈنۈپ قالاي، يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭە! — دەپتۇ بۆجەن كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئانىسىغا.





بۆجەنىنىڭ دادىسى كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھېكايىنى باشتىن ـ ئاياغ تولۇق ئېيتىپ بېرىپتۇ.

لېكىن بۆجەن يەنىلا ئاڭلاپ قانماپتۇ، شۇڭا ئۇ:

ــ يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە! ــ دەپتۇ.

ــ بولدى، ئەمدى موماڭ ئېيتىپ بەرسۇن، ــ دەپتۇ بۆجەنىنىڭ دادىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




شۇنداق قىلىپ، بوۋجەننىڭ مومىسى كەپتۇ، ئۇ بوۋجەنگە ئەجدىھا توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايە ئېيتىپ بېرىپتۇ.



بوۋجەننىڭ بوۋىسىمۇ كەپتۇ، ئۇمۇ ئەجدىھا توغرۇلۇق بارلىق ھېكايىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن بوۋجەن يەنىلا:

— يەنە بىرنى ئېيتىپ بېرىڭە! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.



بۆجەننىڭ ئانىسى قاتتىق ئەسنەپتۇ.

ــ ئوماق قوزام، قارىغىنە، ــ دەپتۇ ئانىسى، ــ بىز بارلىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بولدۇق، شۇنداققۇ؟ ئەمدى باشقا ھېكايە قالمىدى، كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىغىن.

ــ ھەي!... ــ دەپتۇ بۆجەن قايىل بولماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



— بەلكىم، — دەپتۇ ئۇ كۆزىنى
چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ ئاستاغىنە، —
ئۆزۈم ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇيدىغان،
بىر ئاخشام ئوقۇساممۇ ئوقۇپ
بولالمايدىغان ئۇزۇن ھېكايە يازسام
بولغۇدەك.

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى سەھەردە، بۆجەن شۇنداق روھلۇق ھالدا كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

— باشلىدىم ئەمسە، ئۆزۈم ھېكايە يازىمەن.



ئۇ دىككىدە سەكرەپ ئۈستەل يېنىغا كېلىپ، ھەر خىل يېزىق قوراللىرىنى ئېلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن بىرنېمىلەرنى يېزىشقا، سىزىشقا باشلاپتۇ.


سىرىق بوياق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۆجەن ھېكايىنى يېزىپ بولۇپ، قېلىن كىتابنى مەغرۇر ھالدا ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ.

ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ھېكايە ئىكەن.

— ھەممىڭلار ئولتۇرۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ غادايغان ھالدا ئالدىدىكى ئويۇنچۇقلىرىغا قاراپ قويۇپ، — مەن سىلەرگە بەك ئۇزۇن ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



لېكىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بوپتۇ.

— ئانا! — دەپتۇ بۆجەن مەيۈسلەنگەن ھالدا، — مەن يازغان ھېكايە ئۇزۇن چىقماپتۇ.

— ئالدىرىما، قوزام، — دەپتۇ بۆجەننىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — سەن نېمشقا دوستلىرىڭدىن ئۇلارنىڭ قانداق ھېكايىلەرگە ئامراقلىقىنى سوراپ باقمايسەن؟ شۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئامراق ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى كىتابىڭغا يازساڭ بولىدىغۇ.

— ئانام بەك ئەقىللىق ئىكەن! — دەپتۇ بۆجەن.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئامال ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ.



بۆجەن دىكىلداپ سەكرەپ كىچىك مۆشۈكياپىلاقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، كىچىك مۆشۈكياپىلاق ئۆيىدە بىر ئويۇنچۇق راكېتانى ئويناۋاتقانىكەن.

— مەن ئاي شارى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن، مەن چوقۇم بىركۈنى ئايغا چىقىمەن، — دەپتۇ كىچىك مۆشۈكياپىلاق يۇقىرى ئاۋازدا.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




— مەنمۇ ئاي شارىنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ بۆجەن.
ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن كىچىك مۈشۈكياپىلاقنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋاپتۇ ھەمدە خۇشاللىق بىلەن: «رەھمەت ساڭا، مۈشۈكياپىلاق!» دەپتۇ.
ئارقىدىن، ئۇ يەنە دىكىلداپ سەكرەپ چاشقانچاقنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۆجەن دىكلداپ سەكرەپ چاشقانچاقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، بۇ ۋاقىتتا چاشقانچاق بىر پارچە پىشلاقنى غاجىلاۋاتقانىكەن.

— مەن... پىشلاق توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ چاشقانچاق پىشلاقنى غاجىلىغاچ، — يوغان پىشلاق، كىچىك پىشلاق، يۇملاق پىشلاق، سېسىق پىشلاق...

— ئىشقىلىپ پىشلاققا دائىر ھېكايىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— چاشقانچاق، رەھمەت ساڭا! — دەپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ بۆجەن.

ئاندىن ئۇ بۆلتۈرۈك (بۆرە كۈچىكى)نى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.




ئالامەت
پیپشلك
بەك پیپشلك
ئاجایپ
پیپشلك

www.uyghurkitap.com

توشقانچاق بۆلتۈرۈكنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بۆلتۈرۈك دوستلىرى بىلەن چاي ئىچكەچ، تاتلىق ـ تۈرۈم يەۋاتقانىكەن.

— مەن چۈرپە (چوشقا كۈچىكى)گە مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپتۇ بۆلتۈرۈك، — يەنە ھېكايىدىكى بۆرە ئانىنىڭ چوقۇم تۈكلۈك يوغان قۇلىقى بولۇشى كېرەك.





بۆلتۆرۆكنىڭ دادىسى كۆلۈپ تۇرۇپ:
ــ مەن ھېكايىدە... دېگەن مەزمۇنلارنىڭ
بولۇشىنى ئارزۇ قىلمەن، ــ دەپتۇ.



بۆلتۆرۆكنىڭ دادىسى بۆلتۆرۆكنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— يەنە مۇشۇنداق تۇرۇنۇش بولۇشىنىمۇ ئارزۇ قىلىمەن! — دەپتۇ.

— دادا، غۇلىچىڭىز بەك چوڭ ئىكەن، — دەپتۇ بۆلتۆرۆك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سېنى چىڭ قۇچاقلاش ئۈچۈن غۇلىچىم مۇشۇنداق چوڭ بولغان، — دەپتۇ دادىسى بۆلتۆرۆكنىڭ بېشىنى سىلىغاچ. ئۇ بالىسىنىڭ پېشانىسىگە يېنىككىنە سۆيۈپ قويۇپتۇ.



— ياردەملەشكىنىڭلارغا رەھمەت! — بوجەن رازىمەنلىك بىلەن
ئۆيگە قايتىپتۇ، ئۆيگە بارغۇچە ئۇ ھاياجىنىنى باسالمايلا قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۆجەن ئۆيگە بېرىپلا ئارگىنالغا نۇرغۇن مەزمۇنلارنى قوشۇپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھېكايىسىدە پىشلاقتا ياسالغان ئاي، ئاسمانغا چىقالايدىغان راكېتا ۋە بۆرىنىڭ بالىسىنى قۇچاقلاشلىرى بار بوپتۇ.



بۆجەن كىتابنى يېزىپ بولغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ.

ــ كۆپچىلىك كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار! ــ دەپ توۋلاپتۇ بۆجەن ھاياجانلانغان ھالدا، ــ مەن يازغان ھېكايە چوقۇم دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ قالتىس ھېكايە!



بۆجەنىڭ بوۋىسى، مومىسى، دادىسى ۋە ئانىسى بۆجەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بۆجەن ھېلىقى قېلىن كىتابنى ئاستا ئېچىپ، چوڭقۇر نەپەس ئاپتۇ...



ئۇ بېشنى قويغان هامان ئۇخلاپ قاپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى


ئۆزۈم يازغان كىتاب




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۆزۈم يازغان كتاب

يازغۇچى: توشقانچاق

بز قول تۇتۇشۇپ چۆرگۈلەپ ئويندۇق، يەنە قۇچاقلاشتۇق. ئاخردا ئۇلار ئۆيلرگە قايتپ ئۇخلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىيۇ

«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

## يەنە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7823 - 9
باھاسى: 16.00 يۈەن

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7823-9
9 787546 978239 >
定价：16.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com